# شنجاڭ گېزىتى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 1 ـ ئاي
8
چارشەنبە
维吾尔文 1 月8日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى  新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65–0002/–W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1–57  ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com  24934 ـ سان  بۈگۈن 4 بەت


# جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ ئەسلى مەقسىتى، خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش

## ــــ «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى تولۇق خاتىرىسى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى زۇ ۋېي، لو جېڭگۇاڭ، ۋاڭ چى، ۋاڭ زىمىڭ

ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى مەڭگۈلۈك تېما، شۇنداقلا بارلىق پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى.

باش يازدىن قىش كۈنلىرىگىچە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى، ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ تۈرتكىسىدە ۋە باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە كۆرسىتىشىدە، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىدىن ئىبارەت بۇ كەسكىن ھەم چوڭقۇر پارتىيەۋىلىك تاۋلىنىشنىڭ پەيتىنى تاللىشى توغرا، باش تېمىسى گەۋدىلىك، ئالاھىدىلىكى روشەن بولۇپ، مۇھىم، زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى، پۈتۈن پارتىيە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە لەرزىگە كەلدى، مۇقەددەس جۇڭخۇا زېمىنىدا ياڭراق سادا ياڭرىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى  مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى  جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پۈتۈن كۈن يىغىن ئېچىپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتگۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتا ئالدى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداش كېرەك. مۇشۇ يىللاردا، كەسكىن، مۇرەككەپ دۆلەت ئىچى ـ سىرتى ۋەزىيىتى ئالدىدا، تۈرلۈك خەۋپ ـ خەتەر، خىرىس ئالدىدا، بىزنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىيەلىشىمىز، نىگىزىدىن ئېيتقاندا پارتىيە رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ ماددىنى پۇختا، چىڭ تۇتقانلىقىمىزدىن بولدى، دەل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنىڭ بولغانلىقىدىن بولدى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنى پۈتۈن ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ماسلاشتۇرىدىغان پارتىيە رەھبەرلىكى تۈزۈم سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قارارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، ئېنىق تەلەپ قويدى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى 2 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى

## چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن يىغىنغا كېلىپ ئەزالارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى

## نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لى ياڭ، ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنى 2 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى، 14 ئەزا يىغىندا سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ جېڭۋېيى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن قاتارلىقلار يىغىنغا كېلىپ ئەزالارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن، مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۆك شىگلۇڭ، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇگچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ماغاۋ سىپىتقامزا يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئەزا جياڭ پېڭئەن گومىنداڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى شىنجاڭ رايونلۇق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش مۇھىتىنى تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، تەپسىلىي يىرىك پىلان تۈزۈپ، مەبلەغ سېلىنمىسىنى زورايتىپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ تېخنىكا ۋە ئەندىزىنى بېكىتىپ، دېھقانلارنىڭ سۇبيېكتلىق رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرۇپ، كۆزلىمە نەتىجە ـ ئۈنۈمگە يېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

ئەزا غۇنچەم جۇمە ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش ئىجتىمائىي قانۇنچىلىق ۋە شىياڭگاڭ، ئاۋمېن، تەيۋەن، خۇاچياۋ، تاشقى ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن مۇنداق تەكلىپ بەردى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئىككى بازار، ئىككى خىل بايلىقتىن پايدىلىنىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، قەدەم ـ باسقۇچقا بۆلۈپ يولغا قويۇپ، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، پورت ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان دىن ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يوقلىدى ھەم سۆھبەتلەشتى

# پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىنىي سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك

## چېن چۈەنگو سۆز قىلدى، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن بىللە يوقلىدى، سۆھبەتلەشتى



1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان دىن ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى يوقلىدى ھەم سۆھبەت يىغىنى ئاچتى.

□ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرى سۈي جىجيەن فوتوسى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۇي خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شاۋكەت ئىمىن، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى نۇرلان ئەبىلمەجىن ئاپتونوم رايونلۇق ئىككى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان دىن ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرىنى سەممىي يوقلاپ ھەم سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، دىن خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەش، دىنلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدەپ، دىن ساھەسىدىكى كەڭ ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى.

سۆھبەت يىغىنىدىن ئىلگىرى، چېن چۈەنگو، شۆھرەت زاكىر، شاۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن قاتارلىق رەھبەرلەر دىن ساھەسىدىكى خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى، سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، ئۆزئارا ئەھۋال سوردى.

سۆھبەت يىغىنىنىڭ كەيپىياتى قىزغىن بولۇپ، يىغىنغا قاتناشقانلار بەس ـ بەستە سۆز قىلدى. ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز، مەمەت جۇمە، جى رېن، ياڭ جيې، ماقسات قابدەن، ساۋۇتجان ئابلىمىت، ئاسانتۇر ئۆمۈرباي، ما جىنيۈن قاتارلىق ۋەكىللەر ۋە ئەزالار ئايرىم ـ ئايرىم سۆز قىلدى. كۆپچىلىك مۇنۇلارنى بىلدۈردى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ قىياپىتى كۈنسېرى يېڭىلىنىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتى ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد يۇقىرى سۈپەتلىك راۋاجلاندى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى مۇستەھكەملىنىپ كۈچەيدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى بارغانسېرى ئاشتى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش

ئىستون سۆزى

2020 ـ يىلى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان يىل. چاغان يېتىپ كېلىش ئالدىدا، گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىغا بېرىپ، ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئويچۇق، قەلىمى كۈچلۈك بولۇش بويىچە چېنىقىپ، دىققەتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش باش تېمىسىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، جانلىق خام ماتېرىياللارنى تاللاپ ئېلىپ، تەسىرلىك ھېكايىلەرنى قېزىپ، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ ئالغا ئىلگىرىلەشتەك روھىي قىياپىتى ۋە ئەمەلىي ھەرىكىتىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ گۈللەپ ياشنىغان، ھەر مىللەت ئامما چاغاننى خۇشال ـ خۇرام ئۆتكۈزۈۋاتقان گۈزەل مەنزىرىسىنى جانلىق نامايان قىلىدۇ. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «چاغاندا ئاساسىي قاتلامغا بېرىش» ئىستونى ئېچىلدى، دىققەت قىلغايسىزلەر.

## ئالتۇن توغراق ئۇزاق ئۆمۈر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت كەنتى:

# ئېكولوگىيە ساياھىتى دېھقانلارنى بېيىتتى

□ مۇخبىرىمىز خەن چىنيەن

قەھرىتان قىشتا خاسىيەتلىك قار لەپىلدەپ يېغىپ، ھەممە جاي كۈمۈش لىباس كىيدى، بۇ پەسىل ساياھەتچىلىكنىڭ ئاۋات مەزگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن پوسكام ناھىيەسىنىڭ ئالتۇن توغراق ئۇزاق ئۆمۈر مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، مەدەنىيەت كەنتىدىكى دېھقانلار ئارامگاھىنىڭ سودىسى يەنىلا قىزىپ كەتكەنىدى.

كەنتكە كىرگەندە، توپا رەڭلىك قورشاۋ تام، ياغاچ نەقىشلىك پېشايۋان، قەدىمىي ئۇستىكى ھويلىلار كۆزگە چېلىقىدۇ، ھەممىسى تىپىك جەنۇبىي شىنجاڭ تۇرالغۇ ئۇسلۇبىدا سېلىنغان. ئەڭ خۇشال بولغىنى كەنت ئاھالىلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى لايىھەلىگۈچىلەرنىڭ بېزىشى بىلەن سۈرەت كەبى گۈزەل تۈسكە كىرىپ، كەنت ئاھالىلىرى سۈرەت ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك، رەسىم ئىچىدە ئەمگەك قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

## 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى تاماملاندى

مۇخبىرىمىز چېن چياۋۋېي خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، 10 ـ تۈركۈمدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىش تايانچىلىرىنى تەربىيەلەش كۇرسى تاماملاندى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مائارىپ خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لى پېڭشىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


新疆日报 | 石榴云
新疆报业传媒集团


## ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى قاراپ چىققان ۋە مۇزاكىرە قىلغاندا، ھەر مىللەت ۋەكىللەر، ئەزالار مۇنداق بىلدۈردى ــــ

# قەتئىي تەۋرەنمەي شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلىشىنى ئالغا سىلجىتىمىز

ئىككى يىغىن  نەق مەيدانى

«ئۆتكەن بىر يىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلەر تەستە قولغا كەلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ۋە سەممىي غەمخورلۇقىنىڭ نەتىجىسى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ ئىلمىي يېتەكچىلىكىنىڭ نەتىجىسى، دۆلەتنىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شەخسىيەتسىز ياردىمىنىڭ نەتىجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ ئورتاق كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى.» ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتتىكى تەشەككۈر ۋە مۇئەييەنلەشتۈرۈش پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق قەلب سادالىرىنى ئەكس ئەتتۈردى، كۆپچىلىك بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان ۋەزىيىتىنىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى چوڭقۇر بىلدۇ، قەتئىي تەۋرەنمەي يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى ياخشى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

### شىنجاڭنى قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز

«ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›نى ماقۇللاپ، شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا قەستەن تۆھمەت قىلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئىنتايىن غەزەپلەندى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ بۇرمىلىشى، بوھتان چاپلىشىدىن ئەكسىچە بىز تېخىمۇ ئىرادىدىن سېپىل ھاسىل قىلىپ، شىنجاڭنى قۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچىنى مۇجەسسەملىدۇق.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى ما جياڭ «نېفىت شەھىرى» قاراماي شەھىرىدىن كەلگەن بولۇپ، ئىزچىل ساياھەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇلتۇر، بۇ سانائەت شەھىرى بىر تۈركۈم ئەنئەنىۋى ساياھەت مەنزىرە رايونلىرىنىڭ سۈپىتى، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم خاس ساياھەت سۈپەتلىك ماركىلىرىنى بەرپا قىلىپ، بىر تۈركۈم مەدەنىيەت ئىجادىيەت كەسىپلىرىگە مەبلەغ سالغۇچىلار ۋە كەسىپكارلارنى جەلپ قىلدى. ما جياڭ مۇنداق قاردى: دەل شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقى، گۈللىنىشى، تەرەققىياتى كۆپچىلىكنى جەلپ قىلدى. پاكىت ئالدىدا،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)